# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يۇيغاندا مېيىتتا كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللارنى ئىزدەپ تاپالماي: دادام خۇشپۇراق زاتقا پىدا بولسۇن! ھاياتلىرىدا خۇشپۇراق ئىدىلە، ۋاپات بولغاندىمۇ خۇشپۇراق بولدىلا،-دېدى

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يۇيغاندا مېيىتتا كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللارنى ئىزدەپ تاپالماي: دادام خۇشپۇراق زاتقا پىدا بولسۇن! ھاياتلىرىدا خۇشپۇراق ئىدىلە، ۋاپات بولغاندىمۇ خۇشپۇراق بولدىلا،-دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېيىتىنى يۇيۇش ئۈچۈن يېنىغا كەلگەندە، باشقا ئادەتتىكى كىشىلەردىن چىقىدىغان چوڭ-كىچىك تەرەت ۋە ھەر خىل پۇراقتەك نەرسىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىدە بارمىدۇ دەپ قارىغان، چۈنكى مېيىتنىڭ مۇسكۇللىرى بوشۇشۇش نەتىجىسىدە ئادەم بەدىنىدىن ھەر خىل نەرسىلەر كېلىدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىدىن بۇنداق نەرسىلەرنى تاپالمىغان ۋە: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، دادام سىلىگە پىدا بولسۇن! سىلى ھەر زامان خۇشپۇراق، ھاياتلىرىدا خۇشپۇراق ئىدىلە، ۋاپاتلىرىدىمۇ خۇشپۇراق بولدىلا! دېگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10962